# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا بايقالغان مەسىلىلەر، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاشتا قايتىما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «كەڭ دائىرىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش»تە ئېنىقلىنىپ بايقالغان مەسىلىلەرنى بىرتۇتاش تۇپلاپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قاتتىق، ئەمەلىي قىلىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن جەڭ قىلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھەم جەڭ قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بايلىق كۈچىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ جەڭ قىلىپ، بىرلىكتە ئىشلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر نامراتلىققا ھۇجۇم قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قىيىن مەسىلىنى قەتئىي ھەل قىلىش كېرەك. نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قەتئىي بوشاشماي ئالغا سىلجىتىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئېچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىپ، ئوقۇشتىن چېكىنىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى سىجىل كۈچەيتىپ، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نامرات ئاممىنى ئالدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسنى تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇش، داۋاملىق كىرىمى بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كۈچى ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. داۋاملىق جىپسىلاشتۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، خىزمەت تەپەككۇرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ تېپىنى سىلىق ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە بىرتۇتاش پىلانلاپ كىرگۈزۈپ، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەيدىغان تۈزۈلمە مېخانىزمى ئورنىتىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە چىڭ تۇتۇپ، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «بىرىنچى سەپ قوماندانى»لىقنى ياخشى قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىپ، قاتتىق ئۆلچەم، ئەمەلىي تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىيانشاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كۆنەس تاغلىق رايون چىملىقى تۆرىدىكى ئوتلاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئومۇمىي يەرلىك پىلانى (2020 ـ 2029 ـ يىللىقى)» قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، تىيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېھتىياجى ئومۇميۈزلۈك زەربىگە ئۇچرىدى. بىز خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىش، تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، قاراتمىلىققا ئىگە بولغان سىياسەت تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، خەلقئارا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ راۋانلىقىنى تىرىشىپ ساقلاپ، تۈرلۈك ئىقتىساد ـ سودا پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەزمەن ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، سودىنى، بازارنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەۋقەنى دۆلەت ئىچىدە كەسىپلەرنىڭ ئايلىنىشى، بازارنىڭ ئايلىنىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇشقا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

ئىچكى ئېھتىياج دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشمۇ خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. دۆلىتىمىز دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازارغا ئىگە، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەر توپىغا ئىگە بولۇپ، ئىستېمال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئىستېمال بازىرىغا ئايلاندى. ئىستېمال ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئۇلۇق رولغا ئىگە بولۇپ، ئۇدا كۆپ يىل دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى بىرىنچى تۈرتكىلىك كۈچكە ئايلاندى. دۆلىتىمىز يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تېز تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، سېلىنما ئېھتىياجىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ھېلىھەم غايەت زور. سېلىنمىنى ئىستېمال بىلەن تاشقى سودىغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپەيتكۈچى ئېففېكتى زور، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش چەكلىمىسى ئاز، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا بولغان تۈرتكىلىك رولى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنىڭ ئېشىشى مۇقەررەر ھالدا ئىستېمال بازىرىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكى ۋە ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قوزغىتىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىيان ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك.

ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇشتا، مۇھىمى ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنى پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك. ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالىنى كېڭەيتىپ، ئاممىۋى ئىستېمالنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال كېڭەيتىپ، كونا مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھە ۋە يېڭىچە ئۇل ئەسلىھەلەرگە مەبلەغ سېلىشنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭى گۈللەنگەن كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىشنى كېڭەيتىش كېرەك. ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئەلئارا كاپىتالنىڭ نۇقتىلىق ساھەلەردىكى تۈرلەرگە قاتنىشىشىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىر قىسىم تاشقى سودا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىغا يۈزلىنىشىنى قوللاپ، كارخانىلارنىڭ ئېكسپورتنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشنى قوللاش كېرەك. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا كۈچەپ ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخى ۋە ئۆي ئىجارە ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ كەسىپ زەنجىرىدىكى تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە رىقابەت كۈچىنى ساقلاپ، كەسىپ زەنجىرلىرىنىڭ ماسلىشىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانغا يېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا نامرات رايونلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئالدىن ئىشلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۆۋەن كاپالەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مۇھىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، باھانى مۇقىملاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىش كېرەك. ئۆينى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلماي، تۇرالغۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ئايلىنىشى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدا تەدرىجىي نورماللىشىشقا يۈزلەندى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نورمال سەۋىيەگە تەدرىجىي يېقىنلىشىۋاتىدۇ ياكى يېتىۋاتىدۇ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش نۇرغۇن يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەم ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادى غايەت زور ئېلاستىكلىقنى نامايان قىلدى. بىز جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بەرسەكلا، تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتنى كۆتۈۋالالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 5 ـ شى پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن شىجاڭى

# ماخمۇتجان بارات ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 5 ـ شى پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن شىجاڭى ماخمۇتجان باراتنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشچە، ماخمۇتجان بارات غايە ـ ئېتىقادىنى يوقاتقان، قىلچە سىياسىي ئېڭى، پارتىيەۋىلىك پرىنسىپى يوق، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارشىلاشقان، دەلىل ـ ئىسپاتنى تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆيدۇرۇپ چىقارغان؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلەتكەن؛ چەت ئەلگە تەكشۈرۈشكە چىققان مەزگىلدە ئۆز مەيلىچە لىنىيەنى ئۆزگەرتكەن، شەخسكە ئالاقىدار ئىشلارنى بەلگىلىمە بويىچە دوكلات قىلمىغان، ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، خىزمەت يۆتكەش جەھەتتە باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگەن؛ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئادىل ئىجرا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان سوۋغاتلىق پۇل، ئىستېمال كارتىسى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىشىغا سۈكۈت قىلغان، يول قويغان؛ ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىپ، دۆلەت مۈلكىگە خىيانەت قىلغان، ئىگىلىۋالغان؛ نەپسى يوغىناپ كەتكەن، ۋەزىپىسىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، زور سوممىلىق مال ـ مۈلۈكنى قانۇنسىز قوبۇل قىلغان.

ماخمۇتجان بارات پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ھەم خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا چېتىشلىق جىنايەت شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان، خاراكتېرى ئېغىر، تەسىرى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىملەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ماخمۇتجان باراتقا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىش؛ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال ـ مۈلكىنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش دىرېكتورى

# شۇ سۈنيۈەن ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شۇ سۈنيۈەننىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشچە، شۇ سۈنيۈەن غايە ـ ئېتىقادىنى يوقاتقان، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتىن يۈز ئۆرۈگەن، قىلچە ئىنتىزام، قانۇن ئېڭى يوق بولۇپ، پارتىيە ئىچىدە گۇرۇھۋازلىق قىلغان، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغان، كارخانىنى ئۆزىنىڭ خالىغان سەنئىمگە دەسسەيدىغان «شەخسىي تەۋەلىك جايى» قىلىۋالغان، تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ سىياسىي ئېكولوگىيەسىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارشىلاشقان، دەلىل ـ ئىسپاتنى تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆيدۇرۇپ چىقارغان، يوشۇرغان؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا سوۋغاتلىق پۇل ئالغان؛ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ پايدا ئېلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ خىزمەت ۋاقتىدا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ھاراق ئىچكەن؛ باشقىلار بىلەن كۆپ قېتىم نامۇۋاپىق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن؛ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى يەۋالغان، زور سوممىلىق مال ـ مۈلۈك ئۇندۇرۇۋالغان، قوبۇل قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر، زور زىيانغا ئۇچراتقان.

شۇ سۈنيۈەن پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامى، خىزمەت ئىنتىزامى، تۇرمۇش ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ھەم خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەت، كارخانا خادىملىرى خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش قاتارلىقلارغا چېتىشلىق جىنايەت شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان، خاراكتېرى ئېغىر، تەسىرى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا پاك بولۇشى توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىملەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، شۇ سۈنيۈەنگە پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى ئۇنىڭغا خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىش؛ ئۇنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال ـ مۈلكىنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ كۈنى بۇرچىن ناھىيەسىدىكى ئاققۇمتاغ مۇلازىمەت رايونى، چۇڭقۇر بازىرى قارابۇلاق كەنتى قاتارلىق جايلاردىكى ساياھەت ھاجەتخانىلىرى قۇرۇلۇشمۇ جىددىي ئىشلىنىۋاتقاندى. بۇرچىن ناھىيەسى «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن سىرت، يەنە 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شەھەر ئىستېرېئولۇق ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قۇرۇلۇشى تۈرى ۋە زەرەتلەش تۈۋرۈكى قۇرۇلۇشى تۈرىنى يولغا قويىدۇ. «بۇ يىل، بىز داۋاملىق ساياھەت مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىلىرى ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىمىز» دېدى بۇرچىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋۇ لېي.

تۇرپان ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، ماي قاچىلاش پونكىتى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ماي قاچىلاشنى كۈتۈش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، خەۋەرلىشىش راۋان بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلدى. تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئەن جىنچياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل، شەھىرىمىز 11 ساياھەت تۈرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە يېڭىدىن قۇرىدۇ، 39 «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» تۈرىنى ھەل قىلىدۇ.

ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي ـ قۇم كەنتى تاشيولى، ئىنسانلارنىڭ قار تېيىلىش مەنبە جايى مۇزېيى، ياقۇت رەسىم كۆرگەزمىخانىسى، بۇرچىن ناھىيەسى ئىلىك تاش ئورمىنى، جېمىنەي ناھىيەسى ئوتلاق تاش شەھىرى، كۆكتوقاي ناھىيەسى كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرى ۋە يانداش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى شارائىتىنى ياخشىلىدى.